# 99743 ـ پىتىر سەدىقىسى ئۆچۈن بۇغداي ئۈنى بەرسىمۇ توغرا بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

## سۇئال

پىتىر سەدىقىسى ئۈچۈن بۇغداي ئۈنى بەرسىمۇ توغرا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلىي جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت ۋە سالاملىرى بولسۇن.

پىتىر سەدىقىسىدە كىشىلەرنىڭ تەمىنات قىلىدىغان نەرسىلىرىنى بېرىش كېرەك بولىدۇ، شۇنىڭغا ئاساسەن بۇغداي ئۈنى بەرسىمۇ توغرا بولىدۇ.

ئىبنى قۇدامە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "بۇغداي ئۈنى بەرسە توغرا بولىدۇ، بۇ توغرىدا ئىمام ئەھمەدتىن ئوچۇق دەلىل كەلگەن". ["ئەلمۇغنى" 2-توم 357-بەت].

ئەبۇ داۋۇد بايان قىلغان 618- ھەدىستە، ئەبۇ سەئىدىل خۇدەرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەيدۇ: «ئۇلار يەنى ساھابىلار پىتىر سەدىقىسى ئۈچۈن ئۈچ كىلو مىقداردا بۇغداي ئۈنى بېرەتتى»، لېكىن بۇ ھەدىس زەئىپ، بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد ۋە باشقا ھەدىس ئالىملىرى زەئىپ دېگەن. ["ئىرۋائۇل غەلىيل" 848-ھەدىسكە قارالسۇن].

ھەدىسنىڭ زەئىپ بولغانلىقى پىتىر سەدىقىسى ئۈچۈن بۇغداي ئۈنى بەرسە توغرا بولمايدۇ دېگەننى بىلدۈرمەيدۇ، چۈنكى پىتىر سەدىقىسىدە زۆرۈر بولغان نەرسە شۇ يۇرتتىكى ئومۇمى خەلق يېمەكلىك قىلىدىغان نەرسىنى بېرىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ"ئىئلامۇل موقىئىيندا"3-توم 12-بەتتە مۇنداق دېگەن: "پىتىر سەدىقىسى ئۈچۈن شۇ يۇرتتىكى ئومۇمى كىشىلەر يېمەكلىك قىلىدىغان ھەرقانداق نەرسىدىن بەرسە توغرا بولىدۇ دېگەن پرىنسىپ بېكىتىلگەندىن كېيىن، گەرچە بۇ توغرىدىكى ھەدىس زەئىپ بولسىمۇ بۇغداي ئۈنى بەرسە توغرا بولىدۇ".

پىتىر سەدىقىسى ئۈچۈن بۇغداي ئۈنى بەرسە توغرا بولىدۇ دېگەن قاراش، ئىمام ئەبۇ ھەنىپە ۋە ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھنىڭ قارىشىدۇر. ئىسلام پېشۋاسى ئىبنى تەيمىيەمۇ بۇ قاراشنى تاللىغان، زامانىمىزدىكى ئالىملاردىنمۇ شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن بۇ قاراشنى كۈچلەندۈرگەن.

شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە "پەتىۋالار مەجمۇئەسى"25-توم 69-بەتتە، مىرداۋىي"ئەلئىنساپ" 3-توم 180-بەتتە،

ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: "پىتىر سەدىقىسى ئۈچۈن بۇغداينىڭ ئۇنىنى بەرگەن ۋاقىتتا بۇغداينىڭ مىقدارى بىلەن بېرىش كېرەك، چۈنكى بىر سا يەنى(ئۈچ كىلو) ئۇن، بىر سا يەنى(ئۈچ كىلو )بۇغدايدىن ئاز بولىدۇ، ئەگەر بۇغداي بىلەن باراۋەر مىقداردا ئۇن بەرسە بۇ بۇغداينىڭ مىقدارىدىن ئاز بولۇپ قالىدۇ، بۇنداق قىلىش توغرا بولمايدۇ".

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ" شەرھىل مۇمتىئ" 6-توم 179-بەتتە مۇنداق دەيدۇ: "ئەگەر بۇغداي ياكى ئارپىنىڭ ئۇنىدىن بىر سا يەنى ئۈچ كىلو بەرسە توغرا بولىدۇ، لېكىن بۇ يەردە ئۇنىنىڭ مىقدارى ئاساس بولىدۇ، چۈنكى بۇغداي ئۇن قىلىنغاندا، ئۇنىڭ كېپەكلىرى چىقىپ كېتىدۇ، بىر سا ئۇن يەنى ئۈچ كىلو ئۇن ئىككى يېرىم كىلو بۇغدايغا باراۋەر كېلىدۇ".

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.